FORB Learning Platform

# دىنى ۋە ئېتىقادى ئەركىنلىكىنىڭ چەكلىمىسى

سىز خەۋەرلەرنى كۆرۈش ئارقىلىق ياكى ئۆزىڭىزنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرىڭىزدىن شۇنى بىلەلەيسىز ، نۇرغۇن ھۆكۈمەتلەر دىن ياكى ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە چەك قويىدۇ. ئۇلار دىننى نامايەن قىلىشنى مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن چەكلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇنداقتا چەكلىمىلەرنىڭ قاچان يوللۇق ۋە دۇرۇس بولىدىغانلىقىنى ، قاچان ئۇنداق بولمايدىغانلىقىنى قانداق بىلەلەيمىز ؟

خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىدا دىن ياكى ئېتىقادتا ئىشىنىش ، تاللاش ، ئۆزگەرتىش ياكى ئايرىلىش ھوقۇقىنىڭ مۇتلەق بولۇشى ، ئۇ ھەرگىز چەكلىنىپ قالماسلىقى كېرەك دەپ كۆرسىتىلگەن. يەنە بىر تەرەپتىن دىن ياكى ئېتىقادنى ئىپادە قىلىش ھوقۇقى چەكلىنىشى مۇمكىن ، ئەمما پەقەت تۆۋەندىكى تۆت قائىدىگە ئەمەل قىلغان ئاساستا بولۇشى كېرەك.

1. ھەرقانداق چەكلىمىلەر قانۇندا بەلگىلىنىشى كېرەك.

بۇنىڭدىكى مەقسەت دۆلەتنىڭ ، ساقچىلارنىڭ ۋە سوتلارنىڭ ئۇلارنىڭ مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان ياكى تۇراقسىز ھەركەتلەرنى قىلىشنى توسۇش.

2.چەكلىمىلەر ئاممىۋى بىخەتەرلىك ، ئاممىۋى تەرتىپ ، ساغلاملىق ياكى ئەخلاق ياكى باشقىلارنىڭ ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن زۆرۈر بولۇشى كېرەك.

بۇ ناھايىتى مۇھىم. چۈنكى باشقا كىشىلەرنى قوغداش زۆرۈر بولغانلىقى ئۈچۈن چەكلىمە قويۇش مەسىلىنىڭ قايسىسىنىڭ تېخىمۇ زۆرۈر ئىكەنلىكىگە قارىتا بەلگىلىنىشى كېرەك.

3. چەكلىمىلەر كەمسىتىش خاراكتېرىگە ئىگە بولماسلىقى كېرەك.

4. ھەر قانداق چەكلىمە چوقۇم كەلتۈرۈپ چىقارغان مەسىلىگە ماس ھالدا ئىپادىلىنىشى كېرەك.

بۇ قائىدىلەر ھەقىقەتەن مۇھىم. ئۇلار بولمىسا ، ھۆكۈمەتلەر ئۆزلىرى ياقتۇرمايدىغان ھەرقانداق بىر گۇرۇپپا ياكى ئىشلارنى چەكلىيەلەيدۇ. چەكلىمىلەر دۆلەت كونترول قىلىدىغان قورال ئەمەس ،پەقەت چەكلىمىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چارە بولۇشىنى مەقسەت قىلىدۇ.

## بىز تۆۋەندىكى ئويدۇرۇلغان مىسال ئارقىلىق قائىدىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەيلى.

بەش خىل ئوخشىمىغان دىنىي گۇرۇپپا بولغان شەھەرنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دۇئا - تىلاۋەت سورۇنلىرى بار ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم مىقداردا شاۋقۇن چىقىرىدۇ ، قوشنىلار بۇخىل ئەھۋاللارنى ياقتۇرمايدۇ! ئەمما ساقچىلار پەقەت بىر كىچىك ، ئالقىشقا ئېرىشەلمىگەن گۇرۇپپا توغرىسىدىكى ئەرزلەرنى تاپشۇرۇۋالىدۇ.....

يۇقىرى دەرىجىدىكى شاۋقۇن سالامەتلىككە پايدىسىز ، ئاممۇۋى ساغلاملىق بولسا چەكلىمىنىڭ قانۇنلۇق ئاساسى. ئۇنداقتا يەرلىك ھۆكۈمەت نېمە قىلىشى كېرەك ؟ جامائەت ساغلاملىقىنى قوغداش ئۈچۈن قايسى خىل بەلگىلىمىلەر زۆرۈر ، كەمسىتىش خاراكتېرىگە ئىگە بولمىغان ۋە ماسلاشقان بولۇشى كېرەك.

بۇ خىل ئەھۋالدا ، بارلىق ئاممىۋى ئۇچرىشىشلاردا رۇخسەت قىلىنغان ئاۋاز مىقدارىنى تەكشۈرىدىغان ئومۇمىي بىر قانۇن بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. بۇ قانۇن بارلىق دىنىي گۇرۇپپىلارغا ۋە باشقىلارغا باراۋەر قوللىنىلىشى كېرەك. ئەگەر ھەرقانداق گۇرۇپپا رۇخسەت قىلىنغان ئاۋاز مىقدارىدىن ئېشىپ كەتسە ، ئۇلاردىن ئاۋازنى پەسەيتىشنى ياكى جەرىمانە تۆلەشنى تەلەپ قىلىش مۇۋاپىق بولىدۇ. پۈتۈنلەي ئاۋاز چىقارماسلىقنى تەلەپ قىلىش ياكى ئۇلارنىڭ ئۇچرىشىشىنى چەكلەش مۇۋاپىق ئەمەس!

ساقچىلار ئالقىشقا ئېرىشەلمىگەن گۇرۇپپا ھەققىدە ئەرزلەرنى تاپشۇرۇۋالغان تەقدىردىمۇ ، قانۇننى باراۋەر ئىجرا قىلىشى كېرەك.

يۇقارقىسى بولسا بىر قەدەر كىچىك ، ئاددىي مىسال.

دىن ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكىنىڭ زور دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرىغانلىقىغا قارايدىغان بولساق ، ئادەتتە يۇقارقى قائىدىلەرنىڭ نەزەردىن ساقىت قىلىنغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش ئاسان ، چۈنكى يولغا قويۇلغان چەكلىمىلەر زۇرۇر بولمىغان ، كەمسىتىش خاراكتېرىگە ئىگە ياكى ماسلاشمىغان بولىدۇ.

بەزى دۆلەتلەر دىنىي پائالىيەتلەر ئۈچۈن تىزىمغا ئېلىنىغان بىنالارنىڭ سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بارلىق دىنىي پائالىيەتلەرنى چەكلەيدۇ. بۇنداق قىلغانلىق ئۆيىڭىزدە كەچلىك تاماق يېيىشتىن بۇرۇن مېھمانلار بىلەن مىننەتدارلىق دۇئاسىنى ئوقۇشنى قانۇنسىز قىلىدۇ! بۇ چەكلىمە ئېنىقكى قانۇنلۇق ئەمەس!

ئەمما نۇرغۇن تالاش-تارتىشتا قالغان مەسىلىلەر بار. فرانسىيەنىڭ بىر شەھەر باشلىقى بۇركىنىنى (يەنى يۈز ۋە پۈتتىن باشقا ھەممە يەرنى يېپىپ تۇرىدىغان سۇ ئۈزۈش كىيىمىنى) چەكلىشى توغرىمۇ؟ ۋە ياكى ھىندىستاننىڭ بەزى جايلىرىدىكى دائىرىلەرنىڭ باشقىلارغا ئېتىقادىڭىزنى سۆزلەپ بېرىش ھوقۇقىڭىزنى چەكلەپ قويىشى توغرىمۇ؟

بۇ دوكلاتتا بىز سوتنىڭ چەكلىمىلەرنىڭ قانۇنلۇق ياكى ئەمەسلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن سوراشقا تېگىشلىك يەتتە سوئالنى كۆرۈپ ئۆتىمىز ،بۇ سىزنىڭ سىز يولۇققان چەكلىمىلەرنى باھالىشىڭىزغا ياردىمى تېگىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

دۆلەت چەكلىمىلەرنى قويغاندا ، بىرىنچى بولۇپ سورايدىغان سوئال بولسا چەكلىمىنىڭ دىن ۋە ئېتىقادقا ئىشىنىش ياكى قوبۇل قىلىشتەك مۇتلەق ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلىش-قىلماسلىق ياكى ئۇنى نامايەن قىلىش ھوقۇقى بار-يوقلۇقى بولىدۇ.

ئەگەر مۇتلەق ھوقۇق چەكلەنگەن بولسا ، دۆلەتنىڭ ھەرىكىتى قانۇنلۇق بولمايدۇ. ئەمما نامايەن قىلىش چەكلەنگەن بولسا ،بىز كېيىنكى سوئالىمىزغا ئۆتىمىز.

بىرخىل پائالىيەت دىن ۋە ئېتىقادنىڭ نامايەن بولۇشى بىلەن چەكلىنەمدۇ ۋەياكى پەقەت پائالىيەتنىڭ نامايەن بولۇشى بىلەنمۇ؟

بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىمىز دائىم ئېتىقادىمىز تەرىپىدىن يېتەكلىنىدۇ. ئەمما بىزنىڭ قىلغان ھەر بىر ئىشىمىز دىن ۋە ئېتىقادنىڭ قوغدىلىدىغان نامايەندىسى ئەمەس. بەزىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىپادىلەش ھوقۇقىنىڭ چەكلەنگەنلىكىدىن شىكايەت قىلغاندا ، سوت مەھكىمىسى مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتنىڭ دىن ۋە ئېتىقادنىڭ نامايەندىسى ياكى ئەمەسلىكىنى قارار قىلىشتىن باشلايدۇ. ئۇلار بۇنى پائالىيەت بىلەن ئېتىقادنىڭ باغلىنىشىغا قاراپ ، ئۇلارنىڭ يېقىن مۇناسىۋىتى بار-يوقلۇقىنى تەكشۈرىدۇ.

بەزىدە بۇنى بىكىتىش ئاسان. چېركاۋغا بېرىش خىرىستىيان دىنى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ، روزا تۇتۇش بولسا ئىسلام دىنى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق.

بىراق بۇ ھەمىشە ئۇنداق ئاسان ئەمەس. مەلۇم بىر خىرىستىيان ئۈچۈن كرېست تاقاش مۇھىم ئەمەس ؛يەنە باشقا بىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا ، بۇ دىنىي كىملىكىنىڭ چوڭقۇر ئىپادىلىنىشى. مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ باش كىيىمگە بولغان ئەقىدىسىمۇ ئوخشمايدۇ.

قايسى ئەقىدىنىڭ توغرىلىقىنى بەلگىلەش سوتنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس. سوتنىڭ دىنىنىڭ نامايەن قىلىنىشىنى بەلگىلەشتە ، بەزى ئىلاھىيەت چۈشەنچىلىرىنى باشقا ئىلاھىيەت چۈشەنچىلىرىدىن ئەۋزەل ئورۇنغا قويۇشتەك دىنىي تەلىماتقا ھۆكۈم چىقىرىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ. كىشىلىك ھوقۇق شەخسلەر تەرىپىدىن تۇتۇلىدۇ ، شۇڭا سوت مەھكىمىسى دىنىي تەلىماتىنىڭ ئورنىغا قارىغاندا مۇناسىۋەتلىك كىشىنىڭ ئېتىقادىغا بارغانسېرى ئېتىبار بىلەن قارايدۇ ، ھەمدە ئەگەر ئۇ كىشى پائالىيەتنى دىنىي نامايەندە دەپ قارىسا ، ئۇنداقتا ئۇلار ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ!

بىز قوغدىلىدىغان دىنىي نامايەندىنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن ، چەكلىمىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن بەلگىلەنمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈشىمىز لازىم.

چەكلىمىنى باشقۇرىدىغان يازما قانۇنى ، دېلو قانۇنى ياكى ئۆرپ-ئادەت قانۇنى بارمۇ؟ ياكى ئۇ ھېچقانداق قانۇنىي ئاساسسىز ئەمەلدارلار تەرىپىدىن بىكىتىلەمدۇ؟ ئەگەر چەكلىمىلەرنىڭ قانۇنىي ئاساسى بولمىسا ، ئۇلار قانۇنلۇق بولمايدۇ.

كېيىنكى قەدەمدە بولسا چەكلىمىنىڭ قانۇنى ئاساسىنى قوغداشنىڭ زۆرۈر ياكى ئەمەسلىكىنى باھالاپ چىقىش. بۇنىڭغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ، بىز ئالدى بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ چەكلىنىشى بىلەن قانۇنى ئاساسنىڭ بىرى ئوتتۇرىسىدا بىۋاستە باغلىنىش بار-يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپ ، چەكلەشنىڭ زۆرۈر ياكى ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈشىمىز كېرەك. بۇ سوئاللارنىڭ ھەر بىرىنى ئۆز نۆۋىتىدە كۆرۈپ باقايلى.

خەلقئارا قانۇنغا ئاساسەن ، دىن ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى چەكلەشنىڭ بىردىنبىر قانۇنلۇق ئاساسى بولسا ئاممىۋى بىخەتەرلىك ، ئاممىۋى تەرتىپ ، باشقىلارنىڭ ساغلاملىقى ياكى ئەخلاقى ياكى ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنى قوغداش بولىدۇ.

ئۇنداقتا پائالىيەتنىڭ چەكلىنىشى بۇ ئاساسلارغا قانداق تەھدىد ئېلىپ كېلىدۇ؟ ھەمدە بۇنىڭ دەلىلى بارمۇ؟

دۆلەت ئەمەلىيەتنىڭ چەكلىنىشى بىلەن بۇ قانۇنى ئاساسلارنىڭ بىۋاستە باغلىنىشىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىشى كېرەك.

ھىندى دىنى تەبقە سىستېمىسى كىشىلەرنى يۇقىرى ۋە تۆۋەن تەبقە ۋە تەبقىسىز دەپ گۇرۇپپىلارغا ئايرىيدۇ. تەبقىسىز گۇرۇپپىلار كەڭ كۆلەمدە كەمسىتىش ، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئورنى تۆۋەن بولۇشتەك ئەھۋاللارغا دۇچ كەلمەكتە. ھەتتا بەزى بۇتخانىلار ئىلگىرى تەبقىسىز ھىندىلارنىڭ كىرىشىنى چەكلىگەن. ھىندىستان 1949-يىلى تەبقە سىستېمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى ، بۇتخانىلارنىڭ ئەمدى تەبقىسىز ھىندىلارنىڭ كىرىشىنى چەكلىشىگە يول قويۇلمايدۇ. بۇ چەكلىمە سىناقتىن ئۆتتى ، يەنى تەبقە كەمسىتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن باشقىلارنىڭ ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنى قوغداش ئوتتۇرىسىدا ئېنىق ، بىۋاستە باغلىنىش بار.

بىراق بارلىق چەكلىمىلەرنىڭ بۇنداق ئېنىق باغلىنىشى بولمايدۇ ، بەزىدە ھۆكۈمەتلەر قانۇنى ئاساسنى خاتا ئوتتۇرىغا قويىدۇ ياكى قالايمىقان ئىشلىتىدۇ.

دىن ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكىنىڭ چەكلىمىسى ھەمىشە ئاممىۋى تەرتىپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئاممىۋى تەرتىپ قانۇنى تەھدىد قىلىش ، ھۇجۇم قىلىش ، زوراۋانلىققا قۇتراتقۇلۇق قىلىش ۋە بەزىدە كۇپۇرلۇق قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن ئىشلارنى تەڭشەيدۇ.

دىن ۋە ئېتىقادنى نامايەن قىلىش ئەركىنلىكى جەزمەن ئۆزىڭىزنىڭ راست دەپ قارىغانلىرىڭىزنى ئېيتىش ھوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئېنىقكى ئېتىقاد تىنىچ يول بىلەن ۋەياكى زوراۋانلىققا قۇتراتقۇلۇق قىلىش يولى بىلەن نامايەن بولىدۇ. كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى ، بەزى كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئېتىقادىدىن باشقا ئېتىقادنىڭ تىنىچ ئىپادىلىنىشىدىن رەنجىيدۇ ، ئۇلاربۇنىڭغا زوراۋانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ.

بەزى دۆلەتلەر بەزى ئېتىقادلارنىڭ تىنىچ ئىپادىلىنىشىنى چەكلەيدۇ ، ھەمدە بۇنداق قىلىشنىڭ توپىلاڭچىلارنىڭ زوراۋانلىق تۇغدۇرۇش خەۋپى بارلىقى سەۋەبىدىن قانۇنلۇق ئاممۋى تەرتىپ ئاساسى بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ھىندونېزىيە مۇشۇ ئاساستا ئەھمەدى ياكى ئاتېئىزىم ئېتىقادىنىڭ ئاشكارا ئىپادىلىنىشىنى چەكلىدى. نەتىجىدە ، جىنايەتچىلەر ھۇجۇم قىلىش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىنىشنىڭ ئورنىغا ، زوراۋانلىقنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلار بەزىدە كۇپۇرلۇق قىلىش ياكى قۇتراتقۇلۇق قىلىش بىلەن
ئەيىبلىنىدۇ.

بۇنىڭغا ئوخشاش قانۇنلار زوراۋانلىقنى تۈگىتەلمەيدۇ. ئەكسىچە ، "خاتا " ئېتىقادلىق كىشىلەر جازالىنىشقا ھەقلىق دىگەن قاراشنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋىتىدۇ.

يەنە بىر مۇرەككەپ قوللىنىشچان ئاساس بولسا **ئىجتىمائىي ئەخلاقتۇر**. ھەر كىمنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاقى ئوخشاش بولامدۇ ؟ كىمنىڭ ئەخلاقى ئەڭ ۋەكىل خاراكتىرلىك ؟ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مۇتەخەسسلىرىنىڭ دىيىشىچە ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ ئېنىقلىمىسى جەزمەن "كۆپلىگەن ئىجتىمائىي ، پەلسەپۋي ھەم دىنىي ئۆرپ-ئادەتلەر"دىن كەلگەن بولىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ، كۆپلىگەن كىشىنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىنى نوقۇل ھالدا ئۆلچەم قىلىپ بېكىتىشكە بولمايدۇ.

دۆلەت مەخپىيىتى كىشىنىڭ دىنىي-ئېتىقادىي ئەركىنلىكىنى چەكلەشتىكى يوللۇق ئاساس ئەمەسلىكى سىزگە ناتونۇش بولمىسا كېرەك.

بەزى ھۆكۈمەتلەر بەلگىلىك گورۇپپىلارنى ، بولۇپمۇ دۈشمەن دۆلەتلەر بىلەن ئوخشاش دىندا بولغان گورۇپپىلارنى دۆلەت مەخپىيەتلىكىگە خەۋپ دەپ غەيرىيلەشتۈرىدۇ. كېلىشىم يازغۇچىلار جامائەت ساغلاملىقى ، بىخەتەرلىك ۋە تەرتىپلەر چەكلىمە ئۈچۈن يېتەرلىك ، دۆلەت بىخەتەرلىكنى بۇنىڭغا قوشۇۋېلىش بولسا دىنىي-ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى ئەڭ

ئېھتىياجلىك بولغان چاغدا كارغا كەلمەس قىلىپ قويۇش خەۋپىنى ئىلىپ كىلىشى مۇمكىن دىگەن ئورتاقلىق قاراشقا كەلگەن.

شۇڭا بىز شۇنى ئېيتالايمىزكى ، ھۆكۈمەت چەكلىك ئىجرائىيەتنىڭ قانۇنىي ئاساسقا قانداق تەھدىت ئىلىپ كىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بىۋاستە ھالقا ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىشى زۆرۈر. بىز يەنە قانۇنىي ئاساسلارنىڭ توغرا شەرھىيلىنىشى ھەم توغرا قوللىنىشىنىڭ مۇھىملىقىنى ھىس قىلدۇق.

سۇئالىمىزنىڭ ئىككىنچى قىسمى بولغان چەكلىمە زۆرۈرىيەتمۇ ؟دىگەنگە نىسبەتەن ،سىياسىي ۋە كوللىكتىپ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۇنچە مۇھىم ئەمەس ئەمما زۆرۈرىيەت.

ھۆكۈمەت ئۆزى نىشانلىغان چەكلىمە بىلەن دىنىي-ئېتىقاد ئەركىنلىكى ئارىسىدا بىۋاستە ھالقابارلىقىنى ئىسپاتلىدى نامايەن قىلدى دەيلى.

شۇ تەھدىت چەكلىمىنى ئىجرا قىلىشتا يېتەرلىك دەرىجىدە ئېغىرمۇ ؟
كۆزلەنگەن شۇ چەكلىمە باشقىلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغداشتا ئۈنۈملۈك رول ئوينىيالامدۇ ؟
ھوقۇقنى چەكلەشتىن سىرت مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ باشقا ئۇسۇللىرى يوقمۇ ؟

ئەگەر  مەسىلە يېتەرلىك دەرىجىدە ئېغىر بولمىسا ، ئەگەر كۆزلەنگەن چەكلىمە مەسىلىنى ھەل قىلالمىسا ياكى ئەگەر مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چەكلەشتىن سىرت باشقا ئۈنۈمى بار بولسا بۇ چەكلىمە زۆرۈر ئەمەس.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى كىشىلەر زىچ توپلىشىدىغان بۇددا تەربىيلەش مەركىزىدە ساغلاملىق ۋە بىخەتەرلىك خەۋپى بارلىقىنى قەيت قىلىدۇ.ساغلاملىق ۋە بىخەتەرلىك بولسا قانۇنىي ئاساس. بۇنىڭ ھەل قىلىش ئۇسۇلىنىڭ بىرى بولسا شۇ تەربىيلەش مەركىزىنى كېڭەيتىش ۋە ياساپ ئۆزگەرتىش. بۇ ئۇسۇل ھوقۇقنى چەكلىمەيدۇ. ئەكسىچە ، ھۆكۈمەت پۈتۈن دائىرىنى ۋەيران قىلغان ھەمدە مىلىك راھىپىنى ھەيدىۋەتكەن. بۇ زۆرۈر ئەمەس.

ئەلۋەتتە ، بەزى چەكلىمىلەر زۆرۈرىيەت. خەلقئارا بىلەشكەن ئەھدى تەشكىلاتى ئېنىق قىلىپ ،دەسلىپىنى قىلىش ۋە قىزلىق خەتنىسىنى قىلىشقا ئوخشاش بەزى زىيانلىق ئۆرپ-ئادەتلەر چەكلىنىشى زۆرۈر دەپ بەلگىلىگەن.

ئېنىقكى ، بەزى مەسىلىلەر روشەن ئەمەس. ئەمما چەكلىمىنى ئىسپاتلاشتىكى بېسىم  دېگەنلىك دۆلەتكە يالغانچىلىق قىلىش دېگەنلىك بولۇپ قالىدۇ.

دۆلەت قانۇنىي ئۆلچەم تۇرغۇزغاندا ھەممە چەكلىمىلەرگە ئېھتىياجلىق بولغان چاغدا ، مەزكۇر چەكلىمىنىڭ پەرقلىقمۇ ياكى ئەمەسمۇ شۇنى ئېنىق قىلىۋېتىشىمىز لازىم.

بەلكىم سىز قانۇن ، سىياسەت ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشلەردە پەرقلەرنى كۆرۈش ئاسانغۇ دەپ قارىشىڭىز مۇمكىن. مەسىلەن ، ئۇلار بەزى كىشىلەرگە روشەن ئىشلىتىپ يەنە بەزىلەرگە قىلمىغاندا. بۇ دەل چەكلەنگەن ئوچۇق ئاشكارا كەمسىتىشتۇر.

ئەمما بەزىدە ھەممە كىشىلەر ئۈچۈن چىقىرىلغان قانۇنلار بەزى كىشىلەرگە زور ئۈنۈم بېرىپ يەنە بىر قىسىم كىشىلەرگە قىلچە ئۈنۈم بەرمەيدۇ. بۇ دەل بىز دەۋاتقان ۋاستىلىك كەمسىتىشتۇر.

ئەمسە بىز ئۆزىمىزنىڭ غايىۋى شەھىرى ھەممە ۋاراڭ-چۇرۇڭغا تولغان ئىبادەت ئورۇنلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەيلى. كېچەش يېگى بىر قانۇن چىقىرىپ ئاممىسى پائالىيەتلەردە تۆۋەن ئاۋاز قىلىشنى ، دىنىي ئۇيۇشۇشلاردا ياڭراتقۇلارنىڭ ، كانايلارنىڭ ئاۋازلىرىنى تەڭشەشنى ئوتتۇرىغا قويىدى دەيلى. ئەمما ، چېركاۋلارنىڭ قوڭغۇراقلىرى بەك چىڭ بولۇپ ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرىنى بوش قىلغىلى بولمايدۇ. مەزكۇر چېركاۋلار ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىدىن ۋاز كېچىشى مەجبۇرى بولۇپ قالىدۇ ، ئەمما باشقا ساھەلەر ئانچە تەسىرگە ئۇچرىمايدۇ.

بۇ بولسا ۋاستىلىك كەمسىتىشتۇر.

ۋاستىلىك كەمسىتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاممىۋى قانۇن مەسىلىلىرى نۇرغۇن.

نۇرغۇن دۆلەتلەر ياندا پىچاق ئېلىپ يۈرۈشنى چەكلىگەن. بۇنداق قانۇن شەيخلەردىن باشقا دىندىكىلەرگە ھېچقانداق تەسىر ئېلىپ كەلمەيدۇ. شەيخلەر ئادەتتە مايكىسىنىڭ ئىچىدە مۇراسىم پىچاق ۋە غىلاپ ئېلىپ يۈرۈشى شەرت. دېمەك ، مەزكۇر قانۇن شەيخلەرنىڭ دىنىي-ئېتىقاد ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىشنى چەكلىمىگە ئۇچراتتى.

يەنە بەزى دۆلەتلەردە يېڭى بىنا قۇرۇش ئۈچۈن ئەتراپتىكى قوشنا ئۆيدىكى ئۆي ئىگىلىرىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىش زۆرۈر. ئەمما بەزى قوشنىلار بىر تەرەپلىمىلىك بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ. شۇنىڭ

بىلەن ئەنئەنىۋى گۇرۇپپىتكىلەر كىچىكرەك ، زامانىۋى گۇرۇپپىلارغا قارىغاندا ئاسانلىقچە بىنا سېلىش رۇخسىتىنى ئالالايدۇ.

سىياسەت ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش بەزى مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەگەر مەلۇم بىر ئۇنىۋېرسىتىت ھەر شەنبە كۈنى ئىمتىھان ئورۇنلاشتۇرسا ، يەھۇدىيلار زىيان تارتىپ قالىدۇ. ئاز سانلىق دىنىي گۇرۇپپىسىدىكىلەر دائىم كۆپ سانلىق دىنىي گۇرۇپپىدىكىلەر ئۆز دىنىي قانۇنلىرىغا ئاساسەن دەم ئېلىش ئالغاندا ، ئۆزلىرىنىڭ دىنىي قائىدىلىرىگە ئاساسەن ئارام ئالماستىن بەلكى كۆپ سانلىق دىنىي گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ قائىدىسىگە بويسۇنۇپ ئارام ئېلىشقا مەجبۇرىي بولىدۇ.

بىۋاستە كەمسىتىش ھەر دائىم چەكلەنگەن. سوتلار چوقۇم ۋاستىلىك كەمسىتىشلەرنى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشى لازىم. ھەر زامان ھەل قىلىش چارىسىنى تاپقىلى بولىدۇ. مەسىلەن ، بىزنىڭ غايىۋى شەھىرىمىزدە ، كېڭەش كونسۇلى ھەر شەنبە كۈنى ، دىنىي بايراملاردا شەھەر قوڭغۇراقلىرىنى چېلىش ئالاھىدە ئىمتىيازىنى يولغا قويالايدۇ.

شىۋىتسىيەدە ، ئۇنىۋېرسىتېت ئىمتىھانلىرى پەقەت شەنبە كۈنلىرىلا ئېلىناتتى ، لېكىن ھازىر جۈمە كۈنىمۇ ئېلىنىدۇ. خىزمەت ئورۇنلىرىدىمۇ مۇسۇلمان ئاياللىرىنىڭ باش كىيىملىرىگە ئوخشاش كەڭچىلىكلەر بارلىققا كېلىۋاتىدۇ.

ئەمما سوتلار مەزكۇر مىساللارنىڭ ھەممىسە بۇنداق بولىۋەرمەيدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. ياخشى بىر سەۋەب بولسا ، ۋاستىلىك كەمسىتىشنى قانۇنلاشتۇرۇش مۇمكىن بولىدۇ.

مەسىلەن ، دوختۇرخانىلارنىڭ خىزمەتچىلەرنى زىبۇ-زىننەت تاقاتقۇزماسلىقى بەزى گۇرۇپپىدىكىلەرگە ئادىل ئەمەس. ئاممىۋى سەھىيە پىرىنسىپىنى چىقىش قىلىپ يۇقارقىنى مۇقىملاشتۇردى.

ئاممىۋى سەھىيە ئەلۋەتتە دىنىي-ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى چەكلىمىگە ئۇچرىتىدىغان قانۇنىي ئۆلچەملىرىدىن بىرىدۇر. ئەمما ، ۋاستىلىك كەمسىتىش مۇناسىۋىتىگە ئاساسلانغاندا ، سوتلار چوقۇم باشقا ئۆلچەملەرنىمۇ قوبۇل قىلىشى زۆرۈر. مەسىلەن ، بىر شىركەت ئۆز سىياسىتىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق زىيانغا ئۇچرىشى مۇمكىن. سېتىش خادىمىنى مەزكۇر دۇكىنىنىڭ ئۆز مەھسۇلاتىنى كىيىشنى تەلەپ قىلىدىغان بىر كىيىم دۇكىنى ھەرگىزمۇ دىنىي-قائىدە يۈزىسىدىن

مەزكۇر دۇكاننىڭ كىيمنى كىيمەيدىغان بىر سېتىش خادىمنى ياللاشقا رايى بارمايدۇ. دېمەك ، بىۋاستە كەمستىش چەكلىمىگە ئۇچرىشى ئېنىق. ئەمما ۋاستىلىك كەمستىش ، ئامالنىڭ بارى بويىچە ھەل قىلىش چارىلىرى بىلەن مەلۇم شەخس ياكى گۇرۇپپىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بىلەن قېچىپ قۇتۇلۇپ قېلىۋاتىدۇ.

چەكلىمدە پەرق يوق دەپ بېكىتسەك ، ئۇنداقتا ئۇنىڭ مۇۋاپىق ياكى ئەمەسلىكىنى ئېنىق قىلىشىمىز لازىم.

ئىپادىلەش قانچىلىك دەرىجىدە چەكلىنىشى لازىم؟ نېمىنى چەكلەش ، كىملەر ئۈچۈن چەكلەش ، قاچان ھەم نەدە؟

ئالاھىدە بىر گۇرۇپپىدىكى كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە سورۇنلاردىكى ئالاھىدە كىيىم-كېچەكلىرىنى چەكلەش بىلەن كوچىدىكى ھەممە كىشىنىڭ دىنىي كىيىملىرىنى چەكلەش ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرق بار. خەلقئارا سوتلار نىسبىتىگە قارايدۇ. ئامېرىكىدىكى سوتلار تېخىمۇ چىڭ تۈزۈمنى قوللانغان. بۇنداق تۈزۈملەر ئامالنىڭ بارىچە بوشىتىلىشى لازىم.

سوتلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئويلىشىپ قارار قىلغىنى بولسا مىننەتدارلىقتۇر. دۇنيا ھەر خىل بولۇپ ، ئىنسانىي ھوقۇق پىرىنسىپلىرى دۆلەت شارائىتىدا ئۆل سېلىنىپ ھەر خىل يوللار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى لازىم.

دۆلەتلىك ھوقۇق ئاپاراتلىرى دۆلەت شارائىتلىرىنى ئوبدان بىلىدۇ ھەمدە دۆلەتلىك قانۇن تۈرغۈزالايدىغان ئەڭ ياخشى ئورۇنلار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان مىننەتدارلىق  يۆرگۈزگەن بىر قىسىم سوتلار سەۋەبىدىن ، خەلقئارالىق سوتلار ئۇلارغا ئېھتىيات دەرىجىسىنى بېرىدۇ.

خۇلاسە ؛

چەكلىمە زادى يولغا قويۇلامدۇ ياقمۇ ، بىز تۆۋەندىكى باسقۇچلارنى قوللاندۇق ؛

> بىرەر قانۇن بىراۋنىڭ دىنىي-ئېتىقادىي ، ئىپادە مۇتلەق ھوقۇقلىرىنى چەكلەش چەكلىمەسلىكىنى بېكىتىش.
> بىر چەكلەنگەن قىلمىش قوغدالغان ئىپادىلەرنىڭ ئىچىگە كىرەمدۇ كىرمەمدۇ شۇنى بېكىتىش.

چەكلەشنىڭ زادى قانۇنى ئاساسى بار-يوقلۇقىنى بېكىتىش.
ئىپادىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ھوقۇقلار ھەم باشقا ئەركىنلىكلەر قاتارلىق قانۇنىي ئۆلچەمگە چەكلىمىلەرگە تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بېكىتىش.
چەكلىمىنىڭ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك كەمسىتىش ئىكەنلىكىنى بېكىتىش.
چەكلىمىنىڭ كېلىدىغان تەھتىدى ھەم ئۇنىڭغا يەتمەكچى بولۇش ئۇنۇمى بىلەن بولغان نىسبىتىنى ئويلىشىش.

سوتلارنىڭ كىشىلىك ھوقوق ئەھدىنامىلىرىگە بويسۇنۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان تالاش-تارتىشلىرىنى چۈشەندۇق ھەم بىز ھوقۇقلىرىمىزنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھالدا قوغدايمىز. سوتلار ھەم ھۆكۈمەت توغرا قىلامدۇ ياكى ئۇلار پىرىنسىپ جەھەتتىن دىنىي-ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە خىلاپلىق قىلامدۇ، بىز بۇنى تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە ئاممىۋى مۇنازىرىگە قويۇشقا كۈچىشىمىز لازىم.